# گۇۋاھلىق سۆزى

1. ئىسمىم رۇشەن ئابباس. 1967 - يىلى 14 - ئىيۇن ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان. مېنىڭ ئاكتىۋىزىملىق پا'ئالىيىتىم تيەن´ئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىدىن ئىلگىرى، يەنى 1985-يىلى ۋە 1988-يىللىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قوزغالغان دېموكراتىك ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى پىلانلاش ۋە ئۇنىڭغا  يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن باشلانغان.

2. مەن 1984-يىلىدىن 1988-يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بى'ئولوگىيە كەسپىدە ئوقۇدۇم. ئالىي مەكتەپنى گەرچە پۈتۈن بى'ئولوگىيە فاكۇلتېتى بويىچە 2-بولۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان بولساممۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆچ ئېلىشى نەتىجىسىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشالمىدىم. خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ بۇرۇنقى ئاكتىۋىستلىق پا'ئالىيەتلىرىمنى باھانە قىلىپ ماڭا يەنە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن دادامنىڭ قاتتىق تەشەببۇس قىلىشى بىلەن ۋەتەنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن 1989- يىلى ئامېرىكىغا ۋاشىنگتون دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ زىيارەتچى تەتقىقاتچىسى سۈپىتىدە كەلدىم ھەمدە مەزكۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى ئىلمىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا قوبۇل قىلىندىم. ھازىر ۋېرجىنىيە شىتاتىنىڭ خېرندون شەھرىدە ياشايمەن.

مەن ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھەق - ھوقۇقلىرى ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىپ كېلىۋاتىمەن. 1993- يىلى ئامېرىكىدىكى تۇنجى ئۇيغۇرلار تەشكىلاتى بولغان <<ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلار ئۇيۇشمىسى>> نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ تۇنجى مۇ’ئاۋىن رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئامېرىكىدا ئۇيغۇرلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇتۇشقا ھەسسە قاتتىم ھەمدە <<ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلەشمىسى>> دا مۇ'ئاۋىن رە'ئىس بولۇپ ئىككى قارار ۋەزىپە ئۆتىدىم. مەنىڭ ئامېرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىم سەۋەپلىك، ئۇيغۇر بىئولوگىيە ئالىمى، پەن-تەتقىقات يازغۇچىسى ھەمدە داڭلىق جاما'ئەت ئەربابى بولغان دادام ئابباس بورھان (شۇ يىلى دادام 59 ياشتا ئىدى) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا جەمىيىتىنىڭ رە’ئىسلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى ھەمدە مۇددەتتىن بۇرۇن مەجبۇرىي ھالدا پېنسىيىگە چىقىرىۋېتىلدى. 1998 - يىلى مەن ئەركىن ئاسىيا رادى'ئوسىنىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمىنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر مۇخبىرى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدىم.

3. مەن ھازىر ۋاشىنگتوندىكى <<ئۇيغۇر ھەرىكىتى>> تەشكىلاتىنىڭ باش ئىجرا'ئىيە مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن.  بۇ تەشكىلاتنى قۇرۇشىمىزدىكى مەقسەد بولسا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق ئېزىش ۋە باستۇرۇشىغا ئۇچراۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، دېموكراتىيە، ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرى ھەمدە ياشلىرىنىڭ ئاۋازى بولۇش ئۈچۈن ئىدى. ئا'ئىلەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەندىن ئۆچ ئېلىش مەقسىدىدە سېلىۋاتقان زۇلۇمى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن.

4. مەن 2018-يىلى 9-ئايدا غايىپ بولغان، پېنسىيىگە چىققان دوختۇر ھەدەم گۈلشەن ئابباس ھەمدە 2017-يىلى 4-ئايدا غايىپ بولغان يولدىشىم ئابدۇلھېكىم ئىدرىسنىڭ پۈتكۈل ئا'ئىلىسى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىمەن. يولدىشىم <<دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى>>نىڭ باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. ئۇ نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ئۈچۈن تىرىشچانلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئابدۇلھېكىم ئىدرىس مىسىردىكى ئەل´ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇغان بولۇپ، <<دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى>> ۋە <<دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى>>نىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى.

5. 69 ياشلىق قېيناتام ئابدۇلقارىم زىكرۇللا دېھقان، 71 ياشلىق قېينانام ھەببىخان ئىدرىس ئا'ئىلە ئايالى ئىدى. قېيىن سىڭىللىرىمدىن 47 ياشلىق تۇرنىساخان ئىدرىس، 42 ياشلىق بۇ'ئايشەم ئىدرىس ۋە 32 ياشلىق بۇخەدىچەخان ئىدرىسلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى ئا'ئىلە ئاياللىرى بولۇپ، ئۇلار بېشىغا ياغلىق چەككەنلىكى ۋە ناماز ئۆتىگەنلىكى ئۈچۈن خىتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن "ئاشقۇن دىنىي پا'ئالىيەتچى" دەپ قارالدى. ئۇلارنىڭ يولداشلىرى قانۇنغا رى'ئايە قىلىپ نورمال كۈن كەچۈرۈۋاتقان ئاددەتتىكى ئادەملەر بولۇشىغا قارىماي خىتاينىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولاندى. 44 ياشلىق قېيىنىم ئابدۇرېھىم ئىدرىس رامازاندا روزا تۇتقانلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئۆلچەملىرىگە ئەمەل قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن 21 يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىندى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. يولدىشىمنىڭ ئا'ئىلىسىدىكىلەر بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئالاقىلاشقان ۋاقتى 2017-يىلى 4- ئاينىڭ 25- كۈنى ئىدى. شۇ كۈنى قېينانام يولدىشىمغا ئەمدى ئۆزلىرىگە تېلېفون قىلماسلىقىنى ئېيتقان. يولدىشىم شۇ چاغلاردا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە <<قوشماق تۇغقان>> نامىدا خىتايلارنىڭ تۇرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم پاراڭلاشقان كۈنى بولۇپ قالدى. نەچچە ھەپتىدىن كېيىن يولدىشىم ئا'ئىلىسىدىكىلەرگە قايتا تېلېفون قىلغىنىدا، ئۇلارنىڭ تېلېفون ۋە يانفونلىرىنىڭ ئۆزىۋېتىلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

6. 2017-يىلى ئاۋغۇست، ئارىدىن يۈز نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يولدىشىمنىڭ يىراق شىرەم تۇغقىنى خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىسىدىن يولدىشىمنىڭ ئىنىسى ئابدۇرېھىمنىڭ كېسىلگەنلىكى، بارلىق سىڭىللىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ لاگېرغا سولانغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ قاچان قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىنىڭ  نامەلۇم ئىكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزدى. خەۋەر يەتكۈزگۈچى يەنە قېيناتام ۋە قېينانام تۇرىۋاتقان ئۆينىڭ قۇلۇپ سېلىنىپ پېچەتلەنگەنلىكىنى ئېيتتى. يولدىشىم ئۇنىڭدىن جىيەنلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىنىدا، ھازىر ھېچكىمنىڭ ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بىلىدىغىنى بولسا پەقەت ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ ئۆيدە ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

7. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يولدىشىم بىلەن ئىككىمىز ئۇلارنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىدۇق. ھازىرغىچە يولدىشىمنىڭ كىچىكى 5 ياش، چوڭى 22 گە كىرگەن 14 جىيەنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز. نارەسىدىلەرنىڭ كىچىك تۇرۇپلا ئاتا-ئانىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلگەنلىكى يۈرىكىمىزنى ئېزەتتى. يولدىشىمنىڭ ئا'ئىلىسىدىن جەمىي 24 كىشى ئىز-دېرەكسىز يوقالدى. بارلىق

ئا'ئىلە ئەزالىرى خوتەن شەھىرىنىڭ لاسكۇي بازار، كوللەك كەنت، ئاگۈيت مەھەللىسىدىكى چوڭ قورا-جايدا بىللە ياشايتتى. 2017-يىلى يازدا ئا'ئىلىسى ھەققىدە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خەۋەرگە ئېرىشكەندىن باشلاپ، ھەممە قورا-جاينىڭ ئالدى دەرۋازىسىغا چوڭ قۇلۇپ سېلىنىپ تاقالغانلىقىنى ئۇققاندىن تارتىپ، ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئا'ئىلىسىدىكىلەرنىڭ خەۋىرىنى ئېلىشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، ھېچقانداق تا بۈگۈنگە قەدەر ھېچقانداق بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

8. 2018-يىلى 9-ئاينىڭ 5-كۈنى، مەن ۋاشىنگتوندىكى خادسىن ئىنستىتۇتى ئۇيۇشتۇرغان مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، لاگېرلارنىڭ شارا'ئىتى ۋە ئۇيغۇر خەلقى نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ۋەھشىيلىكلەر ھەققىدە سۆز قىلدىم، شۇنداقلا يولدىشىمنىڭ ئا'ئىلىسىنىڭ تەقدىرىنى بايان قىلدىم. بۇ يىغىن بولۇپ ئالتە كۈندىن كېيىن، ھەدەم گۈلشەن ئابباس (1962-يىلى ئىيۇندا تۇغۇلغان) ۋە ھامىمام ماھىنۇر ئابلىز (1955- يىلى تۇغۇلغان) ئىز-دېرەكسىز غايىپ بولدى. ئۈرۈمچىدىن 12-1400 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاتۇش شەھىرىدە تۇرىدىغان ھامىمام ماھىنۇر ئابلىز ئا'ئىلە ئايالى بولۇپ، ھەدەم (ئۈرۈمچى شەھىرىدە) بىلەن ئوخشاش بىر كۈندە غايىپ بولدى. ھەدەمنىڭ تەپسىلي ئۇچۇرى تۆۋەندىكىچە:

ئىسىم-فامىلىسى: گۈلشەن ئابباس

كىملىك نومۇرى:650103196206122322

خىتاي پاسپورت نومۇرى: 23022399 ئە

ئامېرىكا ۋىزىسى نومۇرى: (2024-يىلى 11-ئايغىچە ئىناۋەتلىك) 72140509ج

خىزمەت ئورنى: شىنجاڭ نېفىتلىكى شىركىتى، نۇرباغ ئىشچىلار دوختۇرخانىسى، شىمالىي دوستلۇق يولى 789-نومۇر، ئۈرۈمچى

ئۆي ئادرىسى: غالىبىيەت يولى 318- نومۇر، 302- كورپۇس، ئۈرۈمچى

9. ھەدەم ۋە ھامىمام ئىككىسى داڭلىق شەخسلەردىن ئەمەس، ما'ئارىپچى، يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچىمۇ ئەمەس، ھېچقايسىسى بىرەر مۇسۇلمان دۆلىتىگە بېرىپ باققانمۇ ئەمەس، ھەر ئىككىلىسىنىڭ خىتايچىسى ئىنتايىن راۋان. ھېچقايسىسىنىڭ ھەرقانداق شەكىلدىكى كەسپي تەربىيەلەشكە ئېھتىياجى يوق. مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، ئۇيغۇرلار چەتەلگە، بولۇپمۇ مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە بېرىپ باققانلىقى، خىتايچىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن جازا نىشانى بولۇپ، جازا لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلىۋاتىدۇ (خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلىق، قالاغلىق ۋە ئەكسىيەتچىلىكنىڭ ئىپادىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ).

10. مەن يەنە ئېرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانى بولغان ئىككى ئۇيغۇر ھەققىدىمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەن. بىرى مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىمنىڭ ئاكىسى، ئۈرۈمچىدىكى ئەدەبىي زھورنالنىڭ باش مۇھەررىرى 56 ياشلىق قەيسەر قېيۇم بولۇپ، 2017-يىلى 8-ئايدا كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە جازا لاگېرىغا ئېلىنىش ئۈچۈن ساقچىلار تۇتقىلى كەلگەندە، لاگېرغا سولىنىشتىن ئەنسىرەپ، سەككىزىنچى قەۋەت دېرىزىدىن سەكرەپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان.

11. يەنە بىرى مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى مەكتەپدىشىم ۋە سەپدىشىم ۋارىس ئابابەكرى. ئۇ 2019- يىلى يانۋاردا تۇتۇلۇپ جازا لاگېرىغا ئېلىپ كېتىلگەندە 53 ياشتا ئىدى. 2019-يىلى نويابىرنىڭ بېشىدا قويۇپ بېرىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنى 2019-يىلى 24-نويابىردا جان ئۈزدى.

12. ھەدەم تۇتقۇن قىلىنىپ بىر قانچە ئايدىن كېيىن ھامىمام قويۇپ بېرىلدى، لېكىن ھەدەم ھەققىدە 2 يىلدەك ۋاقىتقىچە ھېچ بىر خەۋەر يوق ئىدى. 2020-يىلى 2-ئىيۇن ئەركىن ئاسىيا رادى'ئوسىنىڭ ھەدەم بۇرۇن ئىشلىگەن دوختۇرخانىغا تېلېفون قىلىپ شۇ يەردىكى خىزمەتچى خادىملاردىن ئەھۋال ئىگىلىشى نەتىجىسىدە ھەدەمنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى رەسمىي تۈردە بىلدىم. بۇ ھەقتە خىتاي دا'ئىرلىرى ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمىگەن ئىدى ۋە ھەدەم بىلەن سۆزلىشىش تەلىپىمىزگە جاۋاب قايتۇرمىغان ئىدى.

13. 2020-يىلى 25- دېكابىر ھەدەمگە ناھەق ئېغىر تۈرمە جازاسى بېرىلگەنلىكى ھەققىدە ئۈچىنچى تەرەپتىن بىۋاستە بولمىغان بىر ئۇچۇرغا ئېرىشتۇق. شۇ يىلى 30-دېكابىر ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىجرا'ئىيە كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە، بىز ئېرىشكەن بۇ خەۋەر ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدۇق. ئەتىسى، يەنى 31-دېكابىر، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزگەندە، ھەدەمنىڭ كېسىلگەنلىكىنى دەلىللىدى ھەمدە ھەدەمنى تېرورلۇق پا'ئالىيەتلىرىگە چېتىشلىق>> دەپ جاكارلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ باياناتى خىتاي دۆلەتلىك ئاخبارات ۋاستىسى بولغان>> يەرشارى ۋاقتى گېزىتى" دە 2019-يىلى دېكابىردا ئېلان قىلىنغان خەۋىرى بىلەن قارمۇ-قارشى ئىدى. يەنى ئۇ چاغدا، خىتاينىڭ" مېنى ۋە <<ئۇيغۇر ھەرىكىتى>> تەشكىلاتىمىزنى <<بۆلگۈنچى>> ۋە <<يالغانچى>> دەپ ۋە شۇنداقلا <<ئۇنىڭ ھەدىسى بىر توقۇلما. باشقىلارنىڭ رەسىمىنى ئوغرىلاپ، كۆتۈرۈپ چىقىپ ئىغۋا تارقىتىۋاتىدۇ>> دېگەن ئەيىبلەشلىرىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدۇ. ھازىر بىز ھەدەمنىڭ خىتاي دۆلەتلىك تاراتقۇلىرى ئېلان قىلغان بۇ تۆھمەتتىن خېلى بۇرۇنلا، يەنى 2019-يىلى 3-ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلدۇق. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى داۋاملىق تۈردە بىز

قۇرغان تەشكىلاتنى <<بۆلگۈنچى تەشكىلات>> دەپ ئەيىبلەپ كېلىۋاتىدۇ. مەن ھازىرغىچە ھەدەمنىڭ ھايات ياكى ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، ناھەق جازاغا ئۇچرىشى ۋە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا كونكرېت ئۇچۇرلارغا ئېرىشەلمىدىم.

14. مېنىڭ ھەدەم پېنسىيىگە چىققان دوختۇر، ئەزەلدىن سىياسەتكە ئارىلىشىپ باققىنى يوق. ئۇ بىر مۇلايىم، سۆيۈملۈك، كۆيۈمچان ۋە مېھرىبان ئانا. ھەدەم ھاياتىنى كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ۋە دوختۇرلۇق كەسپى بىلەن، باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇشقا بېغىشلىدى. ھەدەمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس بولۇپ، سۆڭەك شالاڭلىشىش (بۇ كېسەل كۆپ ھاللاردا ھەدەمنىڭ ھەرىكەت قىلىشىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ خىل كېسەللىكلەرنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. ئۇنىڭ ھەر ئىككى كۆزى كۆپ قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىنغان ئىدى.

15. ھەدەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرۇش ۋە داۋالاشقا مۇھتاج. شۇ سەۋەبلىك ھەدەم بالدۇرلا پېنسىيىگە چىققان ئىدى. ھەدەم ئۆتكەن 10 يىلدا كۆپ قېتىم ۋە 2016- يىلى ئاخىرقى قېتىم ئامېرىكىدىكى ئائىلە ئەزالىرىنى يوقلىغان ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئامېرىكىغا كەلگىنىدە بىز ئۇنى دوختۇرخانىغا داۋالاش ئۈچۈن ئېلىپ باراتتۇق. ھەدەمگە قارشى ھۆكۈملەر ئىنتايىن بىمەنە ھەم ئاساسسىز بولۇپ، مېنىڭ ئامېرىكىدا ئېلىپ بارغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارىتىلغان باستۇرۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىگە قارشى پائالىيەتلىرىم ئۈچۈن جازالىنىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇكى، ھەدەمنىڭ مەخپىي ھالدا تۇتۇپ كېتىلىپ، جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ ئىنتايىن ئادالەتسىز ھەم رەھىمسىز مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قىلىۋاتقان ۋەھشىيلىكلىرىنىڭ ئىسپاتى تولۇق بولۇپلا قالماستىن، كۆلەملەشكەن ھەمدە ئىنتايىن قورقۇنۇچلۇق. ھەدەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەندىن ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

16. ھەدەمنىڭ ناھەق تۇتقۇن قىلىنىشى مېنى ھەر كۈنى، ھەر دەقىقىدە ئازابلايدۇ. ئۇنىڭ بالىلىرى، نەۋرىلىرى ئۇنىڭسىز، ئۇنىڭ خەۋىرىسىز ئۆتكەن كۈنلەرگە يۈزلىنىۋاتىدۇ. ھەدەمنىڭ بىر قىزى ھەتتا ئاپىسىنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەتتە ئۆتۈش مەقسىتىدە فلورىدادىكى ئۆيىدىن ۋاشىنگتونغا يېقىن بولغان ۋىرجىنىيىگە كۆچۈپ كەلدى، لېكىن يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئاپىسىنىڭ قانۇنسىز ھالدا تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ غايەت زور بېسىم ھەدەمنىڭ ئىككى قىزىنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

17. يولدىشىمنىڭ كۈنلىرىمۇ غايەت زور يوقىتىش ئازابى بىلەن ئۆتىۋاتىدۇ. بۇ كۈلپەتلەرنىڭ داۋاملىشىشى كۈندىلىك تۇرمۇشۇمنى نورمالسىز بىر چەكسىز ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىگە بەند قىلماقتا. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەربىر ئۇيغۇر ھەر مىنۇت، ھەر دەقىقىدە يۈزلىنىۋاتقان پاجىئەلەر دەرد ئۈستىگە دەرد قوشماقتا.